ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق



# كىچىك تۆمۈر يول پارتىزانلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ليۇ جىشيا

# شاكىچىك تۆمۈر يول پارتىزانلىرى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئىسمائىل ئىبراھىم

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(C I P)数据

小铁道游击队/刘知侠著；斯马义译.—乌鲁木齐：
新疆人民出版社，2006.5（2007.4重印）
（少年红色经典）
ISBN 978-7-228-10208-2

Ⅰ.小… Ⅱ.①刘…②斯… Ⅲ.儿童文学—革命故事—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I287.5

中国版本图书馆CIP数据核字（2006）第052175号

策　　划：艾克巴尔·艾力
责任编辑：艾克巴尔·艾力
责任校对：阿孜古丽·克力木

**小铁道游击队**（维吾尔文）

斯马义·依布拉音　译

---

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号　邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230毫米　32开本　7.125印张　2插页
2006年7月第1版　2009年2月第2次印刷
印数：4061—8060

---

ISBN 978-7-228-10208-2　定价：12.50元

بۇ كىتاب 21 ـ ئەسىر نەشرىياتىنىڭ 2004 ـ يىلى9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2004 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据二十一世纪出版社 2004 年 9 月第 1 版，2004 年 9 月第 1 次印刷本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: ئەكبەر ئېلى
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەكبەر ئېلى
مەسئۇل كوررېكتورى: ئازرگۇل كېرەم

# شاكىچىك تۆمۈر يول پارتىزانلىرى

تەرجىمە قىلغۇچى : ئىسمايىل ئىبراھىم
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر ، 1/32
باسما تاۋىقى : 7.125 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2006 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2009 ـ يىلى 2 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 4061——8060
ISBN 978 —7 —228 —10208 —2
باھاسى : 12.50 يۈەن

# كىرىش سۆز

«ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق» ناملىق بۇ
مەجمۇئە «ئەدەبىي ھېكايىلەر» ۋە «قەھرىمانلار ھەققىدە ھېكايىد-
لەر»دىن ئىبارەت ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ. ئالدىنقى تۈركۈمە-
دىكىلىرى ئىجادىي ئەدەبىي ئەسەرلەر، كېيىنكى تۈركۈمدىكىلە-
رىنىڭ كۆپىنچىسى رېئال شەخسلەر ھەققىدىكى خاتىرىلەردۇر.
ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 ـ ، 60 ـ يىللىرىدىن بېرى، پۈتكۈل
جەمئىيەت، بولۇپمۇ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر بۇ ئەسەرلەردىكى قەھ-
رىمانلارنىڭ مەيلى بەدىئىي ئوبرازىغا بولسۇن ياكى تۇرمۇشتىكى
ئەسلىي قىياپىتىگە بولسۇن، ئىزچىل چوقۇنۇپ ۋە ئۇلارنى
چوڭقۇر ياد ئېتىپ كەلدى. قەھرىمانلارنىڭ باتۇرانە ئىش ـ ئىز-
لىرى نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ مە-
نىۋى تۇۋرۇكىگە ۋە ھەرىكەت ئۆلچىمىگە ئايلاندى.
بۇ مەجمۇئەگە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلى-
كىدىكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان
قەھرىمانلار ھەققىدىكى ھېكايىلەر ۋە ئالاقىدار ژانىرلاردىكى ئەڭ
ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەدەبىي ئەسەرلەر تاللاپ كىرگۈزۈل-
دى. بۇ ئەسەرلەردە ئىنقىلابىي خەلقنىڭ ئاجايىپ ئەقىل ـ پارا-
سىتى، باتۇر ـ قەيسەرلىكى نامايان قىلىنىدۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىك،
ئىنقىلابىي قەھرىمانلىقتىن ئىبارەت تارىخىي ئاڭ كۈچلۈك تەش-
ۋىق قىلىنىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى روشەن، ھېسسىياتى

此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

ساددا ھەم كۈچلۈك، ۋەقەلىكى ئېنىق ھەم چۈشىنىشلىك، توقۇنۇشى جىددىي ھەم كەسكىن، تىلى جانلىق ھەم ئاممىباپ، ئۇسلۇبى ساغلام ھەم يارقىن، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ھەققانىيەت رەزىللىك ئۈستىدىن غالىب كېلىش بىلەن تاماملىنىدۇ، پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرى دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ تەقدىرىگە زىچ باغلىنىدۇ. بۇ ئەسەرلەر ھەقىقىي تارىخ ئاساسىدا يېزىلغان، ئاپتورنىڭ مۇكەممەل تۇرمۇش تەسىراتى، تولۇپ تاشقان ئىجادىيەت قىزغىنلىقى ۋە تاۋار ئىگىلىكى شامىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقتەك جىددىي ئىجادىيەت پوزىتسىيىسى ئەسەرلەرنىڭ يېڭىلىق تۇيغۇسى ۋە ئوقۇشچانلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. ئەسەرلەرنىڭ روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ زوقىنى تارتىدىغان قويۇق مىللىي ئۇسلۇبىدىن ئۇزاق مۇددەتلىك بەدىئىي ھاياتىي كۈچ تەپچىپ تۇرىدۇ، ئۇ ئورنىنى ئىگىلىگىلى بولمايدىغان تەربىيىلەش رولىغا، ئېستېتىك رولغا ئىگە. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئەسەرلەرنى «ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق» دەپ ئاتاش قىلچە ئارتۇق كەتمەيدۇ.

مېڭزى: «مۇكەممەللىك گۈزەللىكتۇر» دەپتىكەن. قەھرىمانلارنىڭ روھىي دۇنياسى ئۇلۇغۋار غايە، مۇستەھكەم ئېتىقاد، بېرىلىپ ئىزدىنىش، غەرەزسىز تۆھپە قوشۇش روھى ئارقىلىق تاكامۇللىشىدۇ. كوچا ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، كارتون فىلىم، ھەجۋىي رەسىملەرنى كۆرۈپ، كومپيۇتېر ئويۇنلىرىنى ئويناپ چوڭ بولغان ئەۋلادلارنى تارىخنى چۈشىنىش، قەھرىمانلارغا يېقىنلىشىش، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىدە ئويلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالىساق، ئۆزىمىزمۇ ئىستىقبالىمىزنى تاپقان بولىمىز، ئىنقىلابىي ئەنئەنە ئۇلۇغ بايرىقىنى مەڭگۈ جەۋلان قىلدۇرۇپ، ئۆزلۈكسىز دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىيەلىسەك، مىللىتىمىزمۇ ئۈمىدكە تولغان بولىدۇ.

# مۇندەرىجە


بالىلارنىڭ ئىلتىجاسى ........................ 1
تۆنجى قېتىملىق رازۋېدكا ........................ 24
قورقۇپ كەتكەن شياۋيىن ........................ 41
بالىلارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋېلىش ........................ 51
ئالۋاستىلارنىڭ «ئۆلگىلىك يېزا» سى ........................ 72
يول باشلىغۇچى شاكىچىك ........................ 84
شياۋجۇنىڭ ھاياجانلىنىشى ........................ 100
ھەربىي ۋاگوننى قولغا چۈشۈرۈش ........................ 110
خاسىيەتلىك سەپەر ........................ 136
قامال لىنىيىسىدىن ئۆتۈش ........................ 156
چوڭ ۋە كىچىك رازۋېدكىچىلار ........................ 186
ئۇلار چوڭ بوپتۇ ........................ 209

# 1. باللارنىڭ ئىلتىجاسى

تۆمۈريول پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى باللارغا ناھايى-
تى ئامراق ئىدى. ئۇلار ھەربىر كەنت ـ مەھەللىگە بارغاندا،
كەنتتىكى باللار بىلەن ناھايىتى ئاسانلا چىقىشىۋالاتتى. شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۆمۈريولدىكى نۇرغۇن ئىشچىلارنىڭ تۆمۈر-
يول پارتىزانلىرى بىلەن ئالاقىسى ناھايىتى يېقىن بولۇپ، دائىم
پويىز ئىستانسىسىدىن تۆمۈريول پارتىزانلىرىغا ئاخبارات يەتكۈ-
زۈپ بېرەتتى، بەزىدە ئۆزلىرى ئىشتىن ئايرىلالماي قالسا ئاخ-
باراتنى باللىرى ئارقىلىق ئەۋەتىپ بېرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن،
تۆمۈريول پارتىزانلىرىمۇ پويىز ئىستانسىسىدا، دۈشمەننىڭ تا-
يانچ پونكىتلىرىدا تۇرىدىغان تۆمۈريول ئىشچىلىرىنىڭ باللىرى
بىلەن تونۇشۇۋالغانىدى.

تۆمۈريول پارتىزانلىرى ھەر قېتىم بىرەر كەنتكە كېلىپ
تۇرغاندا، ئەتراپىغا ھەمىشە بىرمۇنچە باللار كېلىپ ئولى-
شىۋالاتتى ـ دە، بىزمۇ تۆمۈريول پارتىزانلىرى ئەترىتىگە قات-
نىشىمىز، دەپ غەلۋە قىلىشاتتى.

بىر قېتىم، تۆمۈريول پارتىزانلىرى ئەترىتى يېقىنلا دۈش-
مەنگە ھۇجۇم قىلىپ بولۇپ، بىر كەنتكە كېلىپ ئورۇنلىشىپ
تۇرۇشىغا، بۇ باللار يەنە كېلىپ ئولاشتى ـ دە، چوڭ ئەترەت
باشلىقى لىيۇخوڭگا ئېسىلىپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— چوڭ ئەترەت باشلىقى، بىزمۇ قىلىپ باقايلىچۇ؟

— نېمە قىلىپ باقماقچى؟— دەپ سورىدى ليۇخوڭ.

— ئالۋاستىلارغا زەربە بەرمەمدۇق! — دېدى ئۇلار.

ليۇخوڭ كۈلۈپ كېتىپ:

— گېپىڭلارنىڭ يوغانلىقىغا قاراڭلارچۇ! مىلتىقنىمۇ كۆتۈرەلمەيدىغان تۇرساڭلار، ئالۋاستىلارغا قانداق زەربە بېرەلەيسىلەر؟ سىلەر چوڭ بولغاندا ئاندىن بىرنېمە دېيىشەيلى! — دېدى.

— سىلەرگە ئەگىشىپ، باشقا ئىشلارنى قىلساقمۇ بولۇۋېرىدۇ، ئەمەسمۇ! پويىزغا يامىشىپ چىقىشنى بىزمۇ بىلىمىز جۇمۇ! — دېيىشتى ئۇلار.

— باشقا قانداقراق ئىشلارنى قىلارسىلەر؟— دېدى ليۇخوڭ، — سىلەر ئۆزۈڭلار بىللە ئوينىۋېتىپ ئاچچىقىڭلار كېلىپ قالسا يىغلايدىغان تۇرساڭلار، ئەمدى بىزگە قىلغىلى ئىش قالمىغاندەك ھەر كۈنى سىلەرنى بەزلەپ يۈرەمدۇق؟ سىلەر بىزگە ئەگىشىپ يۈرسەڭلار، ئالۋاستىلار قوغلاپ كېلىپ قالسا سىلەرنى يۈدۈپ يۈرەمدۇق تېخى! — مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ تۇرۇپ كەسكىن ھالدا: — بولمايدۇ! — دەۋەتتى.

— بولمىسىمۇ بولغۇزىمىز، ئىشقىلىپ، بىزنىڭ ئەگەشكىنىمىز ئەگەشكەن! — دېيىشتى بالىلار.

بۇ چاغدا، بالىلارنىڭ ئارىسىدىكى قاشلىرى قويۇق، كۆزى چوڭ، بويى ئانچە ئېگىز ئەمەس، 12 ـ 13 ياشلاردىكى شياۋجاڭ ئىسىملىك بىر بالا ھەمراھلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن سىقىلىپ ئالدىغا ئۆتۈپ، تومشۇقلىرىنى ئۈچلىغىنىچە ھەمراھلىرىغا:

— ئۇلار قەيەرگە بارسا، بىزمۇ شۇ يەرگە بارىمىز! — دېدى.

شياۋجاڭنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ھەمراھلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ:

— توغرا، ئەگىشىپ بارىمىز— دەپ چۇرقىراشتى.

شۇ گەپلەر بولۇۋاتقاننىڭ ئۈستىگە شىياۋبو كەچلىك تامىقىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ قالدى. ليۇخوڭ كۆكەمىلىك قىلىپ كەتمەيۋاتقان بۇ بالىلارغا بىر قاراپ قويۇپ، شىياۋبونى بىرىپ ئازراق قورۇما تەييارلاپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئاندىن يەنە بالىلارغا:

— هازىرچە بۇ يەردە قېلىپ تاماق يەڭلار، — دېدى.

، شۇنىڭ بىلەن شىياۋجاڭ ۋە ئۇنىڭ شاكىچىك ھەمراھلىرى تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرمايلا تاماققا تۇتۇندى. ئۇلار «تەمىنات» (قىسىملارغا بېرىلىدىغان ئاشلىق ۋە ئوزۇق - تۈلۈك)قا ئاغزىمىز تەگكەن ئىكەن، بۇ چوڭ ئەترەت باشلىقى ليۇخوڭنىڭ بىزنى قوشۇندا ئېلىپ قېلىشقا ماقۇل بولغانلىقى، دەپ ئويلاشقان بولغاچقا، تاماقنى تازا ئىشتىھا بىلەن يېيىشىۋاتاتتى. ئەمەلىيەتتە، نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بار دەيسىلەر! ليۇخوڭ تاماق يېگەچ، مانا بۇ كاج ھەم زېرەك بالىلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇش كېرەكلىكى ھەققىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتى. گەرچە ئۇ بالىلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلمايدىغان بولسىمۇ، بىراق، كۆڭلىدىكى گەپنى قىلغاندا، ئۇ بۇ بالىلارغا بەكمۇ ئامراق ئىدى! ئۇ بۇ بالىلارنىڭ باتۇرلۇقىغا، كەلگۈسىدە چوقۇم قالتىس يارامىلىق پارتىزانلاردىن بولۇپ چىقىدىغانلىقىغا تامامەن ئىشىنەتتى. ئەمما، ھازىر ئۇلارنىڭ يېشى بەك كىچىك بولغاچقا، ئۇلارنى ھەرقانچە ياخشى كۆرگىنى بىلەنمۇ، ئۇلارنىڭ تەلىپىگە قوشۇلالمايتتى. چۈنكى، نېمىلا دېگەنبىلەن ئالۋاستىلار بىلەن جەڭ قىلىش ئاسان ئىش ئەمەس - تە!

كەچلىك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئۇ يەنە چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئۇلارغا قايتىپ كېتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى. شىياۋجاڭ قاشلىرىنى يىمىرىپ، قارا قاتتىق كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، تۇمشۇقلىرىنى ئۈچلاپ:

— بىز تەمىناتتىن بەھرىمەن بولۇپ بولدۇق. كەتمەيمىز ! — دېدى.

ليۇ خوڭنىڭ ھەرقانچە نەسىھەت قىلغىنى بىلەنمۇ، باللار يەنىلا كەتمىدى. ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسى ناھايىتى قەتئىي ئىدى.

ناھايىتى كەچ بولۇپ كەتكەنىدى. ھەر ۋاقىت يۈز بېرىپ قې-لىش ئېھتىمالى بولغان جەڭگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ليۇخوڭ ئارام ئېلىشقا تەييارلاندى. شياۋبو تالادىن ئازراق شال پاخلى ئەكىرىپ، چوڭ ئەترەت باشلىقىغا ئۇخلايدىغان ئورۇن تەييارلاپ بەردى. ليۇخوڭ بىر ئەسنىگۈچىمپ باللارغا:

— بۈگۈنچە بۇ يەردە بىر ئاخشام ئۇخلاپ، ئەتە ئۆيۈڭلارغا كېتىڭلار ! — دېدى - دە، ئارقىدىنلا شياۋبوغا باللارغا ئۇخلاي-دىغان جاي ھازىرلاپ بېرىشنى تاپىلىدى.

شياۋبو بۇ باللارنى ئۆي ئىگىسىنىڭ قاراڭغۇ ھەم تار ئاش-خانا ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، ئۇلارغا ياردەملىشىپ، ئازراق شال پاخلى ئەكىرىپ ئوچاقنىڭ ئالدىغا سالغىنىچە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھازىرچە مۇشۇ يەردە بىر كېچە قونۇڭلار ! سىلەر شا كىچىكلەر پارتىزانلىق قىلىشنى شۇنچە ئاسان ئىش دەپ قالغان ئوخشىمامسىلەر؟ بۇ يەردە ئۆيۈڭلاردىكىدەك ئىسسىق يوتقان يوق - جۇمۇ، قار ياغقان بەزى چاغلاردا تېخى قارنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۇخلايدىغان ئىشمۇ بار ! — دېدى.

ئۇ يەرگە ئورۇن راسلاپ بولغاندىن كېيىن باللارغا يەنە مۇنداق دېدى:

— ھازىر ئاستىڭلارغا سېلىپ راھەتلىنىپ ئۇخلايدىغان پا-خال بار ئىكەن. ئىتتىك يېتىپ ئۇخلاڭلار. سېلىنچا بار بولغىنى بىلەن يېپىنچا، ياستۇق يوق، ھويلىدىن خىش تېرىپ كىرىپ ياستۇق قىلساڭلار بولىدۇ.

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

شياۋ جاڭ گەپنىڭ ئۇرانىدىن شياۋبونىڭ بۇ گەپلىرى چوڭ ئەترەت باشلىقىغا ھەمدەملىشىپ، ئۆزلىرىنى قايىل قىلىش ئۈچۈن قىلغانلىقىنى چۈشىنىپ:

— بىز قورقمايمىز، سىلەر چىدىيالىغاندىكەن، بىزمۇ چىدىيالايمىز! — دېدى.

بالىلار شۇنداق دېگەچ، خۇددى چوڭ ئەترەت باشلىقى لىيۇ خوڭغا ئوخشاش بېشىغا خىشنى ياستۇق قىلىپ، چاپىنىنى سېلىپ ئۈستىگە يېپىپ، پاخال ئۈستىدە تۈگۈلۈپ ياتقىنىچە ئۇخلاپ قالدى.

تۈن نىسپى بولغاندا، لىيۇخوڭ بىر نەچچە پاي ئوق ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغاندى ـ دە، لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، يېنىدىكى شياۋبونى تۇرتۇۋىدى، شياۋبو ھوشيارلىق بىلەن ئورنىدىن قوپتى. ئۇلار بېلىدىن تاپانچىلىرىنى سۇغۇرۇپ ئالدى. لىيۇخوڭ نەپىسىنى قىسىپ، مەڭزىنى ئىشىكنىڭ رامىغا يېقىپ تۇرۇپ، ھويلىدىكى شەپىگە قۇلاق سالغاندىن كېيىن، ئىككى سەكرەپلا ھويلىدىكى يارغۇنچاق سۇپىسىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى. شياۋبومۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سەكرەپ چىقىپ كەتتى.

لىيۇخوڭ ئوق ئاۋازىنىڭ بۇ يەردىن 3 ـ 4 چاقىرىمچە يىراقتىكى غەربىي ـ شىمال تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ بىر شۆبە ئەترىتى شۇ يەردە ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولۇپ، شۇ تاپتا دۈشمەننىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندەك قىلاتتى. لىيۇخوڭ دەرھال كۆل بويىدىكى ئەترەت ئەزالىرىنى توپلاپ، ياردەمگە بېرىشقا ھازىرلاندى.

لىيۇخوڭ شياۋبو بىلەن پاكار سوكال تامدىن ئارتىلىپ ئۆتۈپ بۇ يەردىن كېتىشكە تەمشىلىۋېتىپ، ھېلىقى پارتىزانلار ئەتر-

تىگە قاتنىششىنى تەلەپ قىلغان بىرنەچچە بالىنى ئېسىگە ئال-
دى؛ ئۇ چوڭقۇر مېھرىبانلىق بىلەن ئاشخانا ئۆي تەرەپكە قاراپ،
بالىلارنىڭ يېنىك خورەك ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئۇ: ئۇلارنى ئويغات-
قانىنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ تىنچ يېتىپ ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋەر-
سۇن، — دەپ ئويلىدى - دە، قولى بىلەن سوكال تامغا تايىنىپ،
بىر كۆچەپلا سەكرەپ چىقىپ كەتتى ۋە شياۋبو بىلەن بىللە
جىددىي كۆرەشكە ئاتلىنىش ئۈچۈن، تۈن قاراڭغۇلۇقى ئىچىگە
كىرىپ كەتتى.

ئۈچىنچى كۈنى ئۇلار مەخپىي ھالدا ۋېيشەنخو كۆلى بويىدى-
كى بىر كىچىك كەنتكە كېلىپ ئەمدىلا ئورۇنلىشىپ تۇرۇشىغا،
بالىلار ئۇلارنى يەنە ئورىۋالدى.

ئۇلار ئۆز ھەرىكىتىنى ئالۋاستىلاردىن يوشۇرالىغان بىلەن
كەنتتىكى بالىلارنىڭ كۆزىدىن زادىلا يوشۇرالمايتتى.

بۇ قېتىم كەلگەنلەر بىر توپ بالا ئەمەس، ئۈچلا، يەنە ئال-
دىنقى قېتىم پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتنىشىمىز دەپ تازا چىڭ
تۇرىۋالغان ھېلىقى ئۈچ بالا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە
شياۋ جاڭمۇ بار ئىدى. يەنە شياۋبو بىلەن شياۋ يىنمۇ بار ئىدى.
ئۇلار چوڭ ئەترەت باشلىقى ليۇ خوڭنى كۆرۈپلا ئۇنىڭدىن ئاغرى-
نىشقا باشلىدى:

— ھېلىقى كۈنى كەچتە سىز نېمىشقا ئۈن - تىن چىقارماي
غىپپىدىلا تىكىۋەتتىڭىز؟ نېمىشقا بىزنى بىللە ئېلىپ كەتمىدى-
ڭىز؟

— سىلەرنى بىللە ئېلىپ كەتسەم، دۈشمەن بىلەن جەڭ قى-
لىشقا پۇتلىكاشاڭ بولامسىلەر؟ — دېدى ليۇخوڭ.

— بىز سىلەرگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمەيمىز، — دېدى
شياۋ جۇ قايىل بولماي، — بىزنى قوبۇل قىلىڭلا!

— ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمەيمىز؟ ئوق ئاۋازى چىقىشى بىلەن تەڭلا يىغلىغىلى تۇرساڭلار، تۆگەشكىنىمىز شۇ - دە! — دېدى ليۇخوك.

شياۋ يىن كالپۇكىنى چىشلەپ قويۇپ:

— يىغلىمايمىز، ھەرگىز يىغلىمايمىز! — دېدى.

شياۋ جاڭ ئالدىغا بىر قەدەم مېڭىپ ليۇ خوڭنىڭ قولىنى تارتىپ تۇرۇپ گەپ قىلدى:

— ئىشەنمىسىڭىز كېيىن سىناپ بېقىڭ!

بۇ ئۈچ شا كىچىك ليۇخوك بىلەن يەنە كەچ كىرگۈچە ئېيتىشتى، ئاغزى قۇرۇپ كەتكۈچە شۇنچە نەسىھەت قىلسىمۇ ئۆيلىرىگە قايتىشقا زادىلا ئۇنىمىدى. ليۇخوك ئامال قىلالماي، ئاخىرى شياۋبوغا ئۇلارنى باشقا بىر ئۆيگە ئاچىقىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشقا بۇيرۇدى. بىراق، ئۇلار ئۇچەيلەن ئالدىنقى كۈنى كېچىدىكى ساۋاقنى ئېسىدە تۇتقاچقا، ھەرقانچە گەپ قىلغان بىلەنمۇ باشقا بىر ئۆيگە كىرىپ ئۇخلاشقا ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. ئۇلار ليۇ خوڭنىڭ ئۆزلىرىنى يەنە بىر قېتىم تاشلاپ كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ليۇخوك بىلەن بىر يەردە ئۇخلايمىز، دەپ تۇرۇۋالدى.

نەتىجىدە ئۇلار راستىنلا ليۇ خوڭنىڭ يېنىدا ياتتى. ئۇخلاش ئالدىدا شياۋ جاڭ يەنە شياۋ جۇ بىلەن شياۋ يىنغا قاراپ پىچىرلىدى:

— بەك قاتتىق ئۇخلاپ كەتمەڭلار! سەگەكرەك بولۇڭلار، بۇ قېتىم ئۇلارنى يەنە قاچۇرۇپ قويمايلى!

بۇ كېچىدە ئۇچەيلەن ناھايىتى تاتلىق ئۇخلىدى، چۈنكى، ئۇلار ئاخىرى ئۆزلىرى تولىمۇ ھەۋەس قىلىدىغان، دۈشمەنلەرنى قىرىش ماھىرى بولغان قەھرىمان بىلەن بىللە بولغانىدى.

بىراق، ليۇ خوڭنىڭ ئۆزلىرىنى يەنە تاشلاپ كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يەنە ناھايىتى سەگەكلىك بىلەن ئۆيقۇلۇق ھالدا ليۇ خوڭنى ئاستالا كېتىپ قالمىسۇن، دەپ پات ـ پاتلا كىچىككىنە بۇدرۇق قوللىرى بىلەن ئۇنى تۇتۇپ قوياتتى.

شياۋ جاڭ ئۆيقۇلۇق ھالدا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قولىنى ئۇزىتىپ ليۇ خوڭنى تۇتۇپ باقماقچى بولغاندا، قولىغا ھېچنېمە ئۇرۇنمىدى. بۇ چاغدا ھويلىدىن قۇلاقنى پاڭ قىلغۇدەك قاتتىق ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. ليۇخوڭ ئالدىراپ ئورنىدىن قوپۇپ بولغاندى. سىرتتا پوستتا تۇرۇۋاتقان شياۋبو ئىشىكنى ئىتتىرىپ كىرىپلا:

— دۈشمەنلەر كەلدى ! — دېدى ـ دە، ئارقىغا بۇرۇلۇپلا دۈشمەنگە زەربە بېرىش ئۈچۈن ھويلىغا چىقىپ كەتتى. شياۋبونىڭ قولىدىكى 20 پاي ئوق يەيدىغان مائوزېر تاتاتلاپ سايراپ كەتتى.

ليۇخوڭ قورالىنى چىقىرىپ ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقىبىشقا تەمشىلىۋاتقاندا، شياۋ جاڭ شياۋ جو، شياۋ يىننى تۇرتۇپ ئويغىتىپ بولغان بولۇپ، ئۈچەيلەن ليۇ خوڭغا ئېسىلىپ:

— چوڭ ئەترەت باشلىقى، بىز قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى.

ليۇخوڭ ئېڭىشىپ تۇرۇپ، قولى بىلەن ئىچكەركى ئۆينى جونۇپ كۆرسىتىپ ئاستاغىنە:

— دەرھال ئۆي ئىگىسى موماينىڭ ئۆيىگە كىرىپ مۆكۈنۈۋېلىڭلار ! — دېدى ـ دە، شارتتىدە ھويلىغا چىقىپ كەتتى.

بۇ چاغدا 5 ـ 6 دۈشمەن ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنى بۇزۇپ «تىرىك تۇتايلى، تىرىك تۇتايلى !» دېگىنىچە باستۇرۇپ كىردى. ليۇخوڭ قورالىنى كۆتۈرۈپ: «پاڭ، پاڭ» قىلىپ بىر تىزىق ئوق-

نى ئېتىۋەتتى. دۈشمەنلەرمۇ دەرۋازا يېنىغا ئۇزۇنسىغا، توغرىسىغا يىقىلدى. ئەمما، ئارقىدىكى دۈشمەنلەر يەنە يۇپۇرۇلۇپ كېلىپ دەرۋازىنى قامال قىلىۋالدى. ليۇخوڭ شياۋبونىڭ پېشىنى تارتىپ، ئۇنىڭ بىلەن چەپ تەرەپتىكى پاكار تامغا ياماشتى. شياۋبو تام بېشىغا چىقىپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە، دۈشمەنىنىڭ هويلىغا قارىتىپ ئوق ئېتىۋاتقانلىقىنى بايقىدى ـ دە، بىر تال قول بومبىسىنى ئاتتى. «گۇم» قىلغان غايەت زور پارتلاش ئاۋازى بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلگەن ئىس ـ تۈتەكتىن پايدىلانغان ليۇخوڭ بىلەن شياۋبو غىپپىدىلا تامنىڭ سىرتىغا سەكرەپ چۈشۈپ، ئوق ئۆزگەچ كەنت سىرتىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

كەنتتىكى ئوق ئاۋازى تازا ئەۋجىگە چىقىپ، ئالۋاستىلار مىلتىقىنىڭ نەيزىسىنى دېۋەيلەپ كوچىلارنى ئاختۇرۇپ يۈرگەن چاغدا، ليۇخوڭ بىلەن شياۋبو زۇلمەت كېچە قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ، دۈشمەنلەر قورشاۋغا ئېلىۋالغان كەنتتىن ئاللىقاچان قېچىپ چىقىپ، كەنتنىڭ چەت ـ ياقىسىدىكى زىرائەت ئېتىزلىقىغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بولغانىدى.

ليۇخوڭ يىراقتىكى كەنتتە پاراسلاپ ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازىغا قۇلاق سالغىنىچە، بىر قىرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ سەرەڭگىسىنى ئېلىپ، تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، جىممىدە بوغۇنۇپ ئولتۇرۇپ چېكىۋاتاتتى. شياۋبومۇ چوڭ ئەترەت باشلىقىنىڭ چىرايىنىڭ تۇتۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بىئارام بولغان هالدا ليۇ خوڭنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ليۇ خوڭنىڭ چىرايىغا كۆيۈنگەن هالدا قاراپ قويۇپ:

— چوڭ ئەترەت باشلىقى، نېمە بولدىڭىز؟ مىجەزىڭىز يوقمۇ ـ يا؟ — دەپ سورىدى.

ليۇ خوڭ جەڭ قىلىشقا كەلگەندە، ئەزەلدىنلا ناهايىتى باتۇر

ئىدى، ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىسىلا ۋۇجۇدى كۈچ - غەيرەتكە توشاتتى. ئۇنداق بولسا نېمىگە يەنە شۇنچە بىئارام بولىدىغاندۇر؟ ئۇ شياۋبونىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، تاماكا ئىسىنى ئىچ - ئىچىدىن چىقىرىپ قاتتىق پۈۋلەپ قويۇپ بېشىنى چايقىدى:

— ئۇنداق ئەمەس، مەن ھېلىقى بىرنەچچە بالىنى ئويلاۋاتىمەن، ئۇلارنى ئالۋاستىلارغا ئۇچراپ قالمىغىيدى، دەپ تولىمۇ ئەنسىرەۋاتىمەن!

— ئۇلارنىڭ ئالۋاستىلارغا يولۇقۇپ باققىنىمۇ بىر ھېسابتا ياخشى، ئىشنىڭ يامانلىقىنى بىلسە، كېلەر قېتىم يەنە كېلىپ ئېسىلىۋېلىشقا پېتىنالمايدىغان بولىدۇ! — دېدى شياۋبو.

— مەسىلىگە بۇنداق قارىساق بولمايدۇ، — دېدى ليۇخوڭ، — ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشى بالىلار! ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، بىز ھامان ئۇلارغا مەسئۇل بولۇشىمىز كېرەك. ئەتە ئۇ يەرگە ئادەم ئەۋەتىپ رازۋېدكا قىلىپ باقايلى. بۇ بىرنەچچە بالىنى ھەرگىز زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ، — ليۇخوڭ گېپىنى توختىتىپ شياۋبو بىلەن بىللە چىغىر يولنى بويلاپ، تۈندىكى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆل بويىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئەتىسى ليۇخوڭ شياۋبونى تۈنۈگۈن چۈشكۈن قىلغان جايغا بېرىپ، شياۋ جاڭ قاتارلىق بالىلارنىڭ دېرىكىنى بىلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. بىراق، شياۋبو كەنتتىن چىقار - چىقمايلا شياۋ جاڭ، شياۋ جۇ ۋە شياۋ يىنغا دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇلار شياۋبونى كۆرۈپلا ئوغلاقلاردەك قىيغىتىپ، سەكرەپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنى ئاتتى. شياۋبومۇ ناھايىتى يېقىنچىلىق بىلەن ئۇلارنى ليۇخوڭ بىلەن كۆرۈشتۈرۈش ئۈچۈن باشلاپ ماڭدى.

بالىلارنى كۆرۈپلا ليۇ خوڭنىڭ چېھرىسىگە كۈلكە ياماشتى،

此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com